السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# مۇسۇلمان بىلەن شېرىك ۋە كاپىر ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك قىلىشتۇر

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: «مۇسۇلمان بىلەن شېرىك ۋە كاپىر ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك قىلىشتۇر».
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پەرز نامازنى تەرك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى، مۇسۇلمان بىلەن شېرىك ۋە كۇپۇرنىغا چۈشۈپ قىلىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك قىلىش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ناماز بولسا ئىسلام ئاساسلىرىدىن ئىككىنچى ئاساستۇر. ئىسلامدا نامازنىڭ مەقامى كاتتىدۇر. نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ ئوقۇمىغان كىشى بارلىق مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بىرلىكى بىلەن كاپىر بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھورۇنلۇق قىلىپ، سەل قاراپ نامازلارنىڭ ھەممىسىنى تەرك قىلغان كىشىمۇ كاپىر بولىدۇ. بۇ توغرىدا ساھابىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى نەقىل قىلىنغان. شۇنىڭدەك نامازنى بەزى ۋاقىتلاردا ئادا قىلىپ يەنە بەزى ۋاقىتلاردا ئادا قىلمىغان كىشىمۇ قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65093

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee